3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ئۇ خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدىغان تۆمۈر ئادەم

## —— كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدىكى لاچىن بايەكە ⑤

□ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىۋ شياڭ

خەتەرلىك بۆلەك، تىك داۋان، قونالغۇ نۇقتىسى، بۆرىدىن مۇداپىئەلىنىش... يىل بويى پامىر ئېگىزلىكىدە چېگرا چارلاش جەريانىدا لاچىن بايەكە بىر يۈرۈش ماھارەت يېتىلدۈرگەنىدى. ھالبۇكى 72 خىل ھۈنىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر كۈنى قار ـ مۇزلۇق تاغ ـ جىلغىلاردا چېپىپ يۈرگەندە ئويلاپ باقمىغان خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقۇشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

«بۇ يىللاردا، لاچىن بايەكەنىڭ ئېغىر يارىلانغان قېتىم سانىلا ئون نەچچە قېتىمغا يەتتى.» 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چېگرا قوغدىغۇچى تۇردى قابىل ئىلگىرى ھەمىشە بىللە يۈرىدىغان بۇ سەپدىشىنى ئەسلەپ قاتتىق قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى: «لېكىن ئۇ بۇ يارىلىنىشلارغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ خۇددى تۆمۈر ئادەمگە ئوخشاش ئەزەلدىن ‹ئۇرۇش سېپى›دىن قايتقان ئەمەس».

2013 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، لاچىن بايەكە تۇردى قابىل بىلەن بىللە چېگرا چارلاپ «ھالاكەت جىلغىسى» دەپ ئاتالغان ۋۇفۇلاڭ جىلغىسىغا كەلگەندە، تۇردى قابىلنىڭ تۇيۇقسىز بېشى قاتتىق ئاغرىپ چىدىيالماي قالدى. لاچىن بايەكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال بىللە كەلگەن ھەربىي دوختۇرنى چاقىرىپ ئۇنى داۋالاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئۇلار تاغدا قوندى. تۇردى قابىل يېرىم كېچىدە گاراڭ ھالەتتە ئويغىنىپ، يېنىدا بىر تونۇش سىيمانىڭ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

«سەن ئىزچىل بۇ يەردە تۇردۇڭمۇ؟»

«ھەئە، سەندىن خاتىرجەم بولالمايچۇ». لاچىن بايەكەنىڭ سۆزى تۇردى قابىلنى تەسىرلەندۈردى: «تېز ئارام ئالغىن، مەن ياخشى بولۇپ قالدىم. كۈندۈزى شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، كەچتە يەنە تونىسەڭ، بەرداشلىق بېرەلمەيسەن».

ئەتىسى ئىككى قوتاز قېچىپ كەتكەچكە، ئالدىنقى كۈنى چۈشۈرگەن ماددىي ئەشيالارنى ئادەم كۈچى بىلەن يۆدۈشكە توغرا كەلدى. لاچىن بايەكە ئۈندىمەيلا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرىنى يۈدۈۋالدى. تۇردى قابىل بۇنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكنى تالاشتى.

«ئۇ قولۇمنى ئىتتىرىۋېتىپ، بىر كۆتۈرگەن پېتى 200 نەچچە مېتىر ماڭدى». تۇردى قابىل مۇنداق دېدى: «چېگرا چارلاش سەپىرىدە، ئۇ ھەمىشە تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك يول يۈرىدۇ».

2019 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق چېگرا چارلاش سەپىرىدە، مەنزىلگە يەنە ئىككى كىلومېتىر يول قالغانىدى، لاچىن بايەكە قوتازنى يېتىلەپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «ھىم» دەپ قالدى.

«ئۇ بىر پۇتى بىلەن قىرغاققا سەكرەپ چىقىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاغرىقنىڭ دەستىدىن پېشانىسىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى» دېدى تۇردى قابىل، ئەسلىدە، ئېغىرلىقى 300 كىلوگىرامدىن ئاشىدىغان قوتاز ئۇنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالغان ئىكەن! لاچىن بايەكە پايپىقىنى سالدى، پۇتىنىڭ ئىرنىقى ئاجراپ كەتكەن بولۇپ، قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى. چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى بىلەن چېگرا قوغدىغۇچىلار ئۇنى يۆدەپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، لاچىن بايەكە زادىلا ئۇنىمىدى. «تېرەم ئازراق سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ھېچقىسى يوق، بۇنداق ئاۋايلاپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق!» ئۇ ئۆزى دەريا بويىغا بېرىپ يارىسىنى يۇيدى، ئاندىن ئاقسىغىنىچە ئاخىرقى نۇقتىغىچە مېڭىپ باردى.

چارۋىچى مەفتۇل كەنجە كىچىكىدىن لاچىن بايەكە بىلەن بىللە چوڭ بولغان. «مەن بىلەن بىللە چېگرا قوغداشقا بارغىن، بىز چارۋىچى بولساقمۇ، دۆلەت ئۈچۈن قورىبىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك».

لاچىن بايەكەنىڭ سۆزى بىلەن مەفتۇل كەنجە سىناپ باقماقچى بولدى، ئۇنىڭ چېگرا قوغدىغۇچىلار قوشۇنىغا ھەقىقىي قوشۇلۇش قارارىنى چىقىرىشىغا 2011 ـ يىلى قىشتا يۈزبەرگەن بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى. شۇ يىلى چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى قېلىن قار تاغ يولىنى توسۇۋالغانىدى، دېڭىز يۈزىدىن 4700 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدا كۆكتاتلار تۈگىگەن، ياغمۇ ئاز قالغان بولۇپ، جەڭچىلەر لىيەندۇيىنىڭ تېزرەك تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

«چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىغا بارىدىغان ئايلانما تاغ يولىنىڭ چۈشۈش پەرقى 400 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇرۇلۇش يانتۇلۇق دەرىجىسى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناچار ھاۋا رايى تەسىرىدە ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ بارغىلى بولمايتتى» دېدى مەفتۇل كەنجە.

كۆپچىلىك قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، لاچىن بايەكە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئۈچ قوتىزىنى يېتىلەپ چىقىپ جەڭچىلەرگە تەمىنات ۋە چاغانلىق ماللارنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى.

«ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ كۈنى تاغدا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى، گەرچە ئۇ بۇ يوللاردا نۇرغۇن قېتىم مېڭىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكى ئەھۋالدا قايسىسى يول، قايسىسى تىك قىيا ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى» دېدى مەفتۇل كەنجە. كېيىن ئۇ لاچىن بايەكەنىڭ پۈتۈن مۇساپىدە تاغ گەۋدىسىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ يول تېپىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى، بىر قولدا چۇلۋۇرنى تۇتۇپ، بىر قولدا قوتازغا ئارتىلغان ماددىي ئەشيالارنى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ماڭغانلىقىنى بىلدى.

لاچىن بايەكە ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ يولىدا يېرىم كۈن شۇ تەرىقىدە ماڭدى، كەچلىك تاماقتىن بۇرۇن، ئۇ جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا مۆجىزىدەكلا پەيدا بولدى. قار ئادەمگە ئوخشاپ قالغان لاچىن بايەكە ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ماددىي ئەشيالارنى كۆرگەن جەڭچىلەر ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتتى.

لاچىن بايەكە شۇندىلا ئۇف دېدى، توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزىدە سەممىي تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرتكە بولۇشتىكى كونكرېت تەدبىر. «قاتناش + ساياھەت» يېڭى ئېھتىياجى، يېڭى قىزىق نۇقتىسىنى چۆرىدەپ، «قاتناش + ساياھەت» يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى ئىستېمال ئارقىلىق يېڭى تەمىناتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، بازار يېتەكچىلىكى، خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈك كەسپى ۋە خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش كەسپىگە ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ترانسپورت مۇلازىمىتىنى يۇغۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يولۇچى توشۇش ئۇنىۋېرسال تۈگۈن بېكەتى ۋە ساياھەتچىلەر يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، تاشيول يولۇچى توشۇش كارخانىلىرىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاپ، «قاتناش + ساياھەت»نى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بايلىقنى ئېچىش، يۇغۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بازارلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە لىنىيە بويىدىكى مەنزىرە بايلىقى بىلەن قاتناش قۇرۇلۇش تۈرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت كاپىتالى، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بازار سۇبيېكتىنى يۇغۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھازىرقى قاتناش، ساياھەت تىجارىتىنى ئېچىش سۇبيېكتلىرىنىڭ «قاتناش + ساياھەت» بىرىكمە بازار سۇبيېكتىغا ئۆزگىرىشىنى قوللاش كېرەك. يىرىك پىلان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىنىڭ ئەسلىھە بىلەن مۇلازىمەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەسىس قىلىشى ۋە يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ قانۇن ئىجرا قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قاتناش ـ ترانسپورتى بىلەن ساياھەتچىلىك كەسپىدىكى يۈرۈشۈشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنىلا قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىنى تورلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى، ترانسپورت مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزگىلى، ترانسپورت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى قوللاش، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە تۈرتكە بولۇشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېزلىتىپ، قاتناشنىڭ ئالدىن يېتەكلەش ۋە مۇقىم ئېچىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. زامانىۋىلاشقان ئۇنىۋېرسال ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، تۈرلۈك ترانسپورت شەكلىنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى ۋە بىرىكمە ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قاتناش تۈگۈنى مەركىزى، قاتناش كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇلۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، قاتناش بىلەن كەسىپلەرنى يۇغۇرۇپ چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈلگە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بەختلىك تۇرمۇش ھېكايىسىنى نامايان قىلدى. كونا جەمئىيەتتە تۇغۇلغان، يېڭى جۇڭگودا ئۆسۈپ يېتىلگەن خاۋ شيەنيىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى پارتىيە ۋە ۋەتەنگە بولغان تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا تولدۇرغانىدى.

خاۋ شيەنيى سەككىز يېشىدىن باشلاپ مومىسىدىن قەغەز قىيىشنى ئۆگەنگەن، بۇ ھۈنەر ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر دېگۈدەك ھەمراھ بولدى.

«قەغەز قىيىشنى ئەمدىلا ئۆگىنىشكە باشلىغان چاغلىرىم تېخى كونا جەمئىيەت ئىدى، ئۇ چاغدا قەغەز قىيىشنى ئۆگىنىشىم كېيىنچە مۇشۇ ھۈنەرگە تايىنىپ جان بېقىش ئۈچۈن ئىدى.» خاۋ شيەنيى مۇنداق دېدى: «كېيىن ئازاد بولدۇق، مەن ھەربىيلىككە قاتناشتىم، كېيىن يەنە قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ گېئولوگىيە قىدىرلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيە ئەترىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەنگەنلىكى، بېيىپ قۇدرەت تاپقانلىقى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلانغانلىقىدەك ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدى، شۇڭا، مەن قايچام بىلەن كۆرگەن، ھېس قىلغان گۈزەل تۇرمۇشنى ئىپادىلەشنى ئويلىدىم».

خاۋ شيەنيى ئەينى يىللاردىكى سەبىي ئۆسمۈردىن چېكە چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بوۋايغا ئايلانغان بولسىمۇ، قەغەز قىيما سەنئىتىگە بولغان ئىشتىياقى ئىزچىل ئۆزگەرمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بوۋاي ساقلاپ كەلگەن قەغەز قىيما ئەسەرلىرى 10 مىڭ پارچىدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم قۇش، ھايۋان، گۈل ـ گىياھلار تەسۋىرلەنگەن ئەنئەنىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا، قەغەز قىيما ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «قىزىل رەڭ» باش تېمىسىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىقى، پارتىيە تارىخىنى جانلىق نامايان قىلىش ۋە پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلقنىڭ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا بولغان مەدھىيەسى نامايان قىلىنغان.

قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر غەلىبىسىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇ خوتۇنى بىلەن «لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېز سۈرئەتتە ئېلىش» «جىنشاجياڭ دەرياسىدىن پەم بىلەن ئۆتۈش» «چىشۇي دەرياسىدىن تۆت قېتىم ئۆتۈش» «قارلىق تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈش» «ئوتلاقتىن ئۆتۈش» قاتارلىق ئالتە پارچە ئەسەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجاد قىلدى، جىنشاجياڭ دەرياسىدىن پەم بىلەن ئۆتۈش، چىشۇي دەرياسىدىن تۆت قېتىم ئۆتۈش قاتارلىق كلاسسىك كۆرۈنۈشلەر قەغەز يۈزىدە جانلىق نامايان بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، خاۋ شيەنيى بىلەن خوتۇنى «گۈتيەن يىغىنى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ» «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق» «پارتىيەنىڭ شانلىق نۇرى تۈمەنلىگەن ئائىلىنى يورۇتتى» باش تېمىسىدىكى «قىزىل ئەسلىمە» ناملىق چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك قەغەز قىيما ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ھەم دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئىجاد قىلغان «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش روھى» «لەخمە ئۇرۇشى» قاتارلىق يۈرۈشلۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە تارىخى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى جانلىق دەرسلىك بولۇپ قالدى.

بۇ يىل خاۋ شيەنيى قايچىسىنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، خوتۇنى بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن ئۇزۇن يۆگىمە قەغەز قىيمىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجاد قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا سوۋغا قىلدى.

«لايىھەلەشتىن تاماملاشقىچە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كەتتى، بۇ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىگە تەقدىم قىلىنغان سوۋغام، كۆڭلۈمدىكىدەك چىقمىغان جايلىرى بولسىلا، مەن قايتىدىن قىيىپ چىقتىم» دېدى خاۋ شيەنيى.

خاۋ شيەنيىنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو قەغەز قىيمىسىدا ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە داۋاملاشتۇرۇلغان كۆرۈنمە ئوبراز ۋە ئوبراز يارىتىش ئەندىزىسى مول مەدەنىيەت، تارىخ ئۇچۇرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، قەغەز قىيمىنى ۋاستە قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شانلىق تارىخىنى نامايان قىلىش ئالاھىدە مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مۇنداق دېدى: 60 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قەغەز قىيما ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تارىخىنى چۈشەندۈرىمەن، كىشىلەرنى مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن.

2011 ـ يىلى سانجى شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى (سانجى شەھەرلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى)نىڭ قوللىشىدا، «خاۋ شيەنيى قەغەز قىيما ئىشخانىسى» قۇرۇلۇپ، ئۆسمۈرلەر ۋە چوڭلار ئۈچۈن ھەقسىز قەغەز قىيما تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت بۇ ئەنئەنىۋى ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە قەغەز قىيما تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇغانلار 300دىن ئاشتى.

«قەغەز قىيما ئەسەرلىرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە. كۆزۈم يەنە ئېنىق كۆرەلىسىلا، قايچىنى قولۇمدا تۇتالىسىلا، مەن ئىزچىل تۈردە قەغەز قىيما سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى قىزىل ئەسەرلەرنى قىيىپ چىقىمەن!» دېدى خاۋ شيەنيى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سەپسەتىلىرى جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى يوققا چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي تەسىراتىنى نەزەرگە ئالمىدى، بۇ، ئۇنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە رەزىل غەرىزىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. پومپېئونىڭ ئاغزىغا كەلگەنچە قىلغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە قارىتا، بىز يەنىلا پاكىت بىلەن سۆزلەيلى!

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا قانداقتۇر مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمىغان. تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، ھازىر ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلدى، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدىگە ئۇيغۇن، ھەم كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئەسەبىزم ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىندى. ھالبۇكى، پومپېئو يەنىلا ئۆزلۈكسىز تۈردە ئاخىرقى چەك بېسىمى نەيزىسىنى خالىغانچە پۇلاڭلىتىپ، ئۇچىغا چىققان نومۇسسىز قىلمىشىنى ئۆز مەيلىچە داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا ئاساسسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە قەستەن قارا چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى.

مىڭ ئېغىز يالغان ـ ياۋىداق سۆزمۇ بىر پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. 2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.2 ئاشتى؛ خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.1 ئاشتى. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈش يولغا قويۇلدى، ئاھالىلەر ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق قاپلاندى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نامرات كەنتلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە قەدەم قويۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى. شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ پاكىتلارنى پومپېئو كۆرەلمەيدۇ ھەم كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ داۋاملىق شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى تارقاتتى، غەرىزى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكرنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەشتۇر. مەسىلەن، پومپېئو: شىنجاڭ ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش»نى يولغا قويدى، «ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى» شەكىللەندۈردى، دېدى. ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ، جۇڭگوغا بوھتان چاپلايدىغان، قارا چاپلايدىغان يەنە بىر كۈلكىلىك ئويۇن. ئەمەلىيەتتە، 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 874 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، %22.14 ئاشقان، بۇ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %13.99لىك ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن ئېشىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، %25.04 ئاشقان. شىنجاڭ قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ھامىلە چوڭىيىپ قالغاندا چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغۇت تىزگىنلەش، مەجبۇرىي ھامىلدارلىقنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلىدى، ھەر مىللەت ئامما ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللىنىش ـ قوللانماسلىق، قانداق شەكىلنى قوللىنىپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتا، بىردەك شەخس ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن قارار قىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ، «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» مەسىلىسى تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس! دۇنيادا نوپۇس بۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشىدىغان ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» بولامدۇ؟

يەنە مەسىلەن، پومپېئو: شىنجاڭ «ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى» دېدى. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللاپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، باراۋەر، ئىختىيارلىقتا بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، تېگىشلىك ھەققە ئېرىشتى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنى ئەركىن تاللايدۇ. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىغا ئېرىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە قوغدالدى. ئۇلار مەيلى شىنجاڭدا ياكى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي مەدەنىيەت، تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى ئوخشاشلا قانۇن بويىچە ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى، «مەجبۇرلاش» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. پومپېئونىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، قارا چاپلىغانلىقى ئەمەلىيەتتە دەل بۇ «يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەيدىغان ئەپەندى»نىڭ «ئەڭ ئاخىرقى غالجىرلىقى».

پومپېئونىڭ بۇنداق ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈش، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش، پاكىت ئۆيدۇرۇپ چىقىرىش، شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاشتەك رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە زوراۋانلىق قىلمىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. جۇڭگوغا قارشى سىياسەتۋازلارنىڭ ھەرقانداق تۆھمەت ۋە يالغان ـ ياۋىداق سۆز، بىمەنە سەپسەتىلىرى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا كاشىلا قىلالمايدۇ!